## 65506 ـ ئۆلار كىشىلەرنىڭ مەسچىدكە كىرىشىگە قىزىقىپ ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كىتىشىگە يول قويۇۋاتىدۇ.

### سۇئال

رامىزان مەزگىلى مەسچىتىمىزدە ئىپتاردىن بىر ئاز بۇرۇن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كىتىشى يۈز بىرىدۇ . بۇ ئىش نەچچە يىلدىن بىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ . مەسچىت باشقۇرغۇچىلار ئەگەر ئۆلار كىشىلەرگە قىلماقچى بولغىنىنى قىلغىلى قويمىسا ، ئۆلارنىڭ مەسچىتكە كەلمەيدىغانلىقىنى بانا قىلىشتى . يەنە تىخى ، تەراۋىيھتا يۈز بىرىدىغان بىر نەچچە بىدئەتلەر بار ، مەسىلەن : ئۆلار تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكىتىدىن كىيىن تەسبىيھ ئىيتىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان قانداق نەسىھەتىڭلار بار ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :

ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشى ھارام . چۈنكى ئۇ نۇرغۇن سەلبى ئاقىۋەتلەرنى ۋە ھارام ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . 1200-سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئارىلىشىپ كىتىشنىڭ چەكلىنىشىدىكى دەلىلەر ئوتتۇرغا قويۇلۇپ بولدى .

ئارىلىشىپ كىتىش ھەر بىر ۋاقىت ۋە ھەربىر ئورۇندا چەكلەنگەنىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئىش رامىزان ئىيىدا مەسچىدلەردە يۈز بەرسە چەكلىنىش تىخىمۇ تەكىتلىنىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ۋە ئۆلارنى بۇزۇق ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەشتىن ئىبارەت مەسچىتلەرنىڭ قۇرلىشىدىكى شەرئەت مەقسەتلىرىگە زىت . ھەمدە ئۇ تەقۋالىققا ئىرىشىش ، نەپس خاھىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روزا تۇتۇشتىكى ھىكمەتكە زىت .

بارلىق مەسچىت كىشىلىرىنىڭ بۇ يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنى يوقۇتۇشقا تىرىشىشى ۋاجىپ . مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭغا ئالاھىدە مەسئۇل .

ھىچكىمنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشىنى مەنئى قىلساق ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ بۇ يامان ئىشنى ئاقلاشقا ياكى ئۇنىڭغا سۈكۈتتە تۇرىشىغا بولمايدۇ . بۇ بىر نەچچە جەھەتتىن رەت قىلىنىدۇ :

1- يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن سۈكۈتتە تۇرۇش گۇناھ . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تىرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : سىلەردىن كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا تىلى بىلەن بولسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا دىلى بىلەن بولسۇن . ھەمدە ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 48 ]

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ مەسچىتكە كىلىشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەپ بولۇشىنى خالىمايدۇ .

2- مەسچىتنىڭ ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم رولى- كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ، ئۆلارنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش . شۇڭا مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار كىشىلەرگە ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشەندۈرشى ھەمدە ئۇنى قىلىشتىن

توختىتىشى كېرەك .

3- بۇ كىشىلەر مەسچىتكە ھەرگىز كەلمەيدۇ دېيىش پەقەتلا پەرەز . ھەتتا بىز شۇنداق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلساق ، ئالىملار ئارىسىدىكى قارالما شۇكى ، يامان ئىشتىن ساقلىنىش ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ .

4- ئاياللارنىڭ ئىپتاردىن بۇرۇن يىغىلىشى ئۈچۈن ئايرىم جاي قۇرۇلسا بولىدۇ ، ئۇ مەيلى مەسچىتنىڭ بىر بۆلۈكىدا ، ياكى سىرتىدا، چېدىردا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدە بولسۇن . ھەمدە ئۇلارغا كېرەكلىك پروگراممىلار ۋە پايدىلىق ئىشلار تەمىنلەنسە بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئاياللارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولۇشى كېرەك .

5- دەۋەت قىلغۇچى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە ئۇنى تۆزەشكە كۆچ چىقىرالايدىغان بولۇشى ، ئىشلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى ،ياكى ئۇنى ئاقلاشقا ئىزدەنمەسلىكى كېرەك .

ئارلىشىپ كىتىش بولسا بىز ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن پەيدا بولغان بىر مەسىلە . ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چوقۇم كۆچ چىقىرلىشى كېرەك . ئەگەر بىرىنچى قەدەم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدە ئېلىنمىسا ، ئۇنداقتا قەيەردىن باشلايمىز ؟!

سىز مەسئۇل كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا بىر نەچچە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن خىزمەت ئىشلەڭ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ يىغىلىشىغا مۇۋاپىق جاي ھازىرلىشىغا ، ھەمدە ئاياللارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پروگراممىلارنى ھازىرلىشىغا ياردەملىشىڭ . ئاللاھتىن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ۋە ئوڭۇشلۇق قىلىشىنى سورايمىز .

ئىككىنچى :

تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكئىتىدىن كېيىن تەسبىيھ ئېيتىش ھەققىدىكى سۆزىڭىزگە كەلسەك ، بىز ئۇنى 50718- سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئۇنىڭ قىلماسلىقتا تىگىشلىك بىر بىدئەتلىكىنى بايان قىلدۇق .

پېشىۋا ئىبنۇ باز ( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) دىن:

تەراۋىيھنىڭ رەكەتلىرى ئارلىقىدا پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىقىنى سوراپ ھەمدە ئاللاھنىڭ توغرا يوللۇق خەلىپىلەردىن رازى بولۇشىنى تىلەپ ئاۋازىمىزنى كۆتۈرشىمىزنىڭ ھۆكمى نىمە ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دىگەن : " بىلىشىمىزچە ، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئاساس يوق ، بەلكى ئۇ بىر بىدئەت ھەمدە قىلىنماسلىقى كېرەك . بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت دەسلەپكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگەن نەرسىلا تۈزىيەلەيدۇ ، ئۇ بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ، ھەمدە بۇ ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش ، ھەمدە ئۇنىڭغا زىت نەرسىلەردىن ساقلىنىش . " تۈگىدى .

[ ئىبنۇ باز فەتۋالار توپلىمى ، 11369 ]

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .